


يەكەن ناھىيەسىدە:

# خاس باغ ـ ئورمان بېيشتىكى «ئالتۇن مېۋە»گە ئايلاندى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ

«2000 يۈەندىن كۆپرەككە ساتتىم، ھەپتە ئاخىرىدىكى كىرىمىم تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.» 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، يەكەن ناھىيەسى مىشا بازىرى توغاچ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇرغۇن نۇرمەمەت يان تېلېفونىنى ئېچىپ بىر كۈن گىلاس سېتىپ قىلغان كىرىمىنى تەكشۈرۈپ كۆردى.

تۆت مو يەردىكى گىلاس تۇرغۇننىڭ «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرىخى». ئۇ گىلاس سېتىشقا تايىنىپ، بىر يىلدا 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدۇ. بۇ، يەكەن ناھىيەسىنىڭ خاس باغ ـ ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغانلىقىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى.

يەكەن ناھىيەسىنىڭ باغ ـ ئورمان كۆلىمى 1 مىليون 360 مىڭ موغا يېتىدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ناھىيە بادامنى تۈۋرۈك كەسىپ قىلىپ، گىلاس قاتارلىق يېڭى سورتلارنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە ئىزدەندى ھەم كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇردى، خاس باغ ـ ئورمانچىلىق دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشىدىكى مۇھىم مەنبەگە ئايلاندى.

يېڭى سورت كىرگۈزۈپ

### گىلاسنى ياخشى باھادا سېتىش

«مەن مۇخبىرغا سىزنىڭ بۇرۇنقى ‹بىمەنە ئىشلىرىڭىز›نى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟» دېدى مىشا بازىرى شامالباغ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يۈسۈپقادىر تۇرسۇن كەنت ئاھالىسى ئابدۇللا سەمەتكە.

«ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى تىلغا ئالمايلى، كېلىڭ، گىلاس يەڭ.» ئابدۇللا بىر ئوچۇم گىلاسنى مۇخبىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، مۇخبىرنىڭ كوچىلاپ سورىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يەكەن ناھىيەسى كەڭ كۆلەمدە بادام، ياڭاق قاتارلىقلارنى ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇ مېۋىلىك دەرەخلەر بىرقەدەر كۆپ بولغاچقا، بازار رىقابىتى كۈچلۈك ئەمەس بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كۆرۈنەرلىك بولمىغانىدى.

2002 ـ يىلى يەكەن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت بازارنى تەكشۈرگەندە، گىلاس كەسپىنىڭ ئىچكىرى رايونلاردا ئۈنۈمىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى، ھالبۇكى، شىنجاڭ ئىچىدە گىلاس ئۆستۈرۈشنىڭ ئەمدىلا باشلانغانلىقىنى، بازار يوشۇرۇن كۈچىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن كەسكىن ھالدا گىلاسنىڭ يېڭى سورتىنى كىرگۈزدى.

تۇنجى تۈركۈمدىكى سىناق قىلىپ ئۆستۈرۈلىدىغان يەر باغ ـ ئورمان ئۆستۈرۈش تەجرىبىسىگە ئىگە شامالباغ كەنتىدىن تاللاندى، كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالىلىرىگە گىلاس كۆچىتىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەردى ھەم تېخنىكلارنى ئەۋەتىپ نەق مەيداندا تىكىشكە يېتەكچىلىك قىلدى.

ئابدۇللا بەش مو يەرگە گىلاس تىكىپ، سۇغاردى، ئوغۇتلىدى، دورا چاچتى، بىر يىل، ئىككى يىل، ئۈچ يىل، بەش يىل، گىلاس دەرىخى بارغانسېرى يوغىنىدى، ئەمما مېۋە بەرمىدى، ئۇ تىت ـ تىت بولغىنىدىن گىلاس دەرىخىنى چۆرگىلەپ نېرى كېتەلمىدى.

ئابدۇللا ئاچچىقىدا قولىغا كەتمەننى ئېلىپلا ئىككى تۈپ گىلاس دەرىخىنى كولاپ چىقىرىۋەتتى، يۈسۈپقادىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ: «ناھىيەدىكى تېخنىكلار بۇرۇنلا دېگەن، گىلاسنىڭ مېۋىگە كىرىشىگە يەتتە ـ سەككىز يىل كېتىدۇ، مېۋىگە كىرگەندىن كېيىن ھوسۇل چوقۇم ياخشى بولىدۇ، سىز ئالدىرىماڭ، يەنە ساقلاپ بېقىڭ» دېدى.

ئابدۇللا كەتمەننى تاشلاپ، ئۇھسىنغان ھالدا بېشىنى چايقىغىنىچە كېتىپ قالدى.

7 ـ يىلى گىلاس دەرىخىدە ئاندا ـ ساندا كىچىك قىزىل مېۋىلەر چۈشتى، ئابدۇللا بىر تالنى ئۈزۈپ ئاغزىغا سېلىۋېدى، چۈچۈمەل تاتلىق، يېپىشلىق بولۇپ، ئۇ ئۈمىدنى كۆردى.

2011 ـ يىلىدىن كېيىن، گىلاس دەرىخى يىلدىن ـ يىلغا كۆپ مېۋە بەردى، ئابدۇللا پىشقان گىلاسلارنى ئۈزۈپ دۆلەت يولى بويىغا ئاپىرىپ، ئويلىمىغان يەردىن ھەر كىلوگىرامىنى 100 يۈەنگە ساتتى! ئابدۇللا بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى، «بۇ نەدىمۇ ئادەتتىكى مېۋە بولسۇن، بەئەينى ئالتۇن مېۋىغۇ.» بەش مو يەردىكى راسا مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەن گىلاسقا تايىنىپ، ئۇ يىلىغا 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلدى.

ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، يەكەن ناھىيەسى گىلاس ئۆستۈرۈش كۆلىمىنى يىلدىن ـ يىلغا كېڭەيتتى، نۆۋەتتە 40 مىڭ مودىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 3000 مو راسا مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرىپ، ھەر مو يەرنىڭ ئوتتۇرىچە پايدىسى 30 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«ئەمدى دەرەخنى كەسمەيدىغانسىز؟» يۈسۈپقادىر ئابدۇللاغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. «كەسمەيمەن، بۇ يىل مەن يەنە كېڭەيتىپ تۆت مو يەرگە گىلاس تىكتىم» دېدى ئابدۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ.

كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ

### يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش

گىلاسنىڭ بازار تاپقانلىقىدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەكەن ناھىيەسى گىلاس كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، گىلاس كەسپى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، «مىشا قىزىلى» چوڭ گىلاس ماركىسىنى روييخەتكە ئالدۇرۇپ، گىلاس چېچىكى بايرىمى، گىلاس ئۈزۈش بايرىمى، مەززىلىك تائاملار بايرىمى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ، ھەم دىققەتنى تارتتى، ھەم پۇل تاپتى.

2018 ـ يىلىدىن باشلاپ، يەكەن ناھىيەسى سېلىنمىنى زورايتىپ، يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، گىلاس ئۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ساياھەت ـ تاماشا قىلىشقا قاراپ تىپ ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۈگۈنكى كۈندە، مىشا بازىرىنىڭ گىلاسزارلىقىدا خاس ئۈزۈش رايونى، كۆڭۈل ئېچىش رايونى، دېھقانلار شادلىقى ئارامگاھى، پۇقراۋى قونالغۇ رايونى، كەچلىك بازار، يېمەك ـ ئىچمەك رايونى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، شۇ جايدىكى توردا ئالقىشلانغان مەنزىرە نۇقتىسىغا ئايلاندى. بۇلتۇر، گىلاسزارلىق جەلپ قىلغان ساياھەتچى 200 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

68 ياشلىق تۇرسۇن ھېزىم گىلاسزارلىقتا دۇكان ئاچتى، ئادەتتە ئېچىملىك، ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىك قاتارلىقلارنى ساتىدۇ، ھەر يىلى ساياھەتنىڭ ئاۋات پەسلىدە ئىككى ـ ئۈچ ئاي تىجارەت قىلىپ، نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلىدۇ، «دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم، بۇ يەردە دۇكان ئاچساممۇ ئائىلىنىڭ قوشۇمچە خىراجىتىنى تاپالايمەن».

ساياھەتچىلەر كۆپىيىپ، گىلاسزارلىقتىكى پۇقراۋى قونالغۇ، دېھقانلار شادلىقى ئارامگاھى، يېمەك ـ ئىچمەك يايمىسىنىڭ سودىسى قىزىپ، 400دىن ئارتۇق كىشىنىڭ يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 250 نامرات ئائىلە بار.

ياز كۈنلىرىدە، چۈشتىن كېيىن گىلاسزارلىقتا ساياھەتچىلەر تەدرىجىي كۆپىيىدۇ، نامرات ئائىلە نۇرئەلى ئەركىن سەيلە ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ، ئالدىرىماي ئايلاندۇرۇپ ساياھەتچىلەرنى ئارام ۋاقتىلىرىدىن ھۇزۇرلاندۇردى.

بۇلتۇر 4 ـ ئايدا، نۇرئەلى 15 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سەيلە ئات ھارۋىسى سېتىۋېلىپ، ئۈچ ئاي تىجارەت قىلىپ، 25 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. بۇ يىل، گىلاسنىڭ چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە ئەگىشىپ، گىلاسزارلىققا كېلىدىغان ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، ئۇنىڭ سودىسىمۇ بارغانسېرى ياخشى بولدى، «بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشۇمدا چاتاق يوق» دېدى ئۇ.

يەكەن ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى قەيسەر ئەلەمشا مۇنداق دېدى: ناھىيەمىز 1 مىليون 360 مىڭ مو خاس باغ ـ ئورمانغا تايىنىپ، «ساياھەت +» خاس ماركىسىنى ياخشى يارىتىپ، خاس باغ ـ ئورمانچىلىقتا تېخىمۇ زور «تاشما ئېففېكت» شەكىللەندۈرۈپ، كەسىپ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدۇق.

سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ

### بادامنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش

«بىر مو يەردە گىلاس، ئۈچ مو يەردە بادام، تۆت مو يەردە ياڭاق بار، بۇ يىل باغ ـ ئورماندىن ئوتتۇرىچە 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلالايمەن» دېدى ئىلىشقۇ بازىرى چىلانقىر كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابلەت يۈسۈپ بارمىقىنى چىقىرىپ بۇ يىللىق ھوسۇلنى ھېسابلاپ كۆرۈپ.

نەچچە يىل ئىلگىرى، ئابلەت ئۈچ مو يەرگە بادام تىككەنىدى، پەرۋىش قىلىشنى بىلمىگەچكە، بادام ياخشى ئۆسمەي، بىر مو يەردىن ئاران نەچچە يۈز يۈەنلا پايدا ئالغانىدى. «نۇرغۇن قېتىم دەرەخنى كېسىۋەتمەكچى بولغانىدىم» دېدى ئۇ.

نۆۋەتتە يەكەن ناھىيەسىنىڭ بادام ئۆستۈرۈش كۆلىمى 920 مىڭ موغا يېتىپ، بۇ ناھىيەنىڭ خاس باغ ـ ئورمانچىلىقىدىكى «باشلامچى»غا ئايلاندى. لېكىن ئىلگىرى دېھقانلاردا مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئوغۇتلاش، چېچەك، مېۋىلەرنى شالاڭلىتىش، تۆت پەسىلدە پۇتاش، چېچەكنى چاڭلاشتۇرۇش قاتارلىق تېخنىكلار كەمچىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرۋىشى يىرىك بولغاچقا، بادام ھوسۇلىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، مېۋىسىنىڭ سۈپىتى، دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

2018 ـ يىلى ئاپتونوم رايون «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خاس باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش ھەرىكىتى»نى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى، يەكەن ناھىيەسى پائال ئاۋاز قوشۇپ، خاس باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قورۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىيات شەكلىنى سان تىپى، يىرىك تىپتىن سۈپەت ـ ئۈنۈم تىپى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تىپىغا ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولدى.

يەكەن ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى جاڭ چياڭ مۇنداق دېدى: بۇ ناھىيە تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش ئارقىلىق، بادام ئۆستۈرگۈچىلەرگە كۈزدە ئوغۇتلاش، ئەتىيازدا قوشۇمچە ئوغۇتلاش، مېۋىلىك دەرەخلەرنى شەكىلگە كىرگۈزۈپ پۇتاش قاتارلىق ئۆستۈرۈش تېخنىكىلىرىنى ئۆگەتتى ھەم 3862 كىشىلىك باغ ـ ئورمان تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇپ، تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ بىر ئەترەت ئەزاسى ئۈچتىن بەشكىچە كەنت ئاھالىسىنى قوشماقلىشىپ يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، چېچەكلەش مەزگىلىدىكى پەرۋىشىنى كۈچەيتىشىگە ياردەم بېرىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ ئوغۇتلاپ، دورا چېچىپ، ھەسەل ھەرىسى قويۇپ بېرىپ چاڭلاشتۇرۇپ، مېۋىلەش، مېۋە تۇتۇش نىسبىتىنى ئۆستۈردى.

ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈش ۋە پەرۋىش قىلىشقا تايىنىپ، يەكەن ناھىيەسىنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق كىرىمىنىڭ ئېشىشى كۆرۈنەرلىك بولدى، بۇلتۇر بۇ ناھىيەنىڭ بادام ھوسۇلى 26 مىڭ توننا ئاشتى. «ھازىر ھەر مو بادامدىن قىلىدىغان ساپ كىرىمىم 1000 يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى» دېدى ئابلەت.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، مەركەز قاتلىمىدىن شەكىلۋازلىقنى تۈزەپ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش مەخسۇس خىزمەت مېخانىزمى يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتى خۇلاسىلىنىپ پىكىر ئالماشتۇرۇلدى، ساقلانغان مەسىلىلەر تەھلىل قىلىندى، «ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان شەكىلۋازلىق مەسىلىلىرىنى سىجىل ھەل قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك ئىستىل كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولۇش خىزمىتى تەتقىق قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسىنى پۇختىلاپ، غايە ـ ئېتىقادنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، «تۆت ئاڭ» «تۆت ئىشەنچ» «ئىككىنى قوغداش»نى قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇپ، روھنى تاۋلاش كېرەك. ئىستىل قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈزىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھۆججەتنى ئىخچاملاش، يىغىننى ئازايتىش قاتتىق چەكلىمىسىنى ساقلاپ، ھەر ۋاقىت ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىپ، سانىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە تۈگىمەس ھۆججەت ۋە ئۈزۈلمەس يىغىننىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىكلەرنىڭ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە قېتىم سانىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، كۆپ تەرەپتىن باھالاش، قاتلامۇقاتلام باھالاش، قىستۇرۇۋېلىپ باھالاشنى قاتتىق چەكلەپ، «كۆپ خىل باھالاشنى بىرلەشتۈرۈش، كۆپ خىل تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش»كە ئىلھاملاندۇرۇپ، زىيادە ئىز قالدۇرۇش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامغا قارىتىلغان كاشىلىنى ئازايتىش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، ئورتاق پايدىلىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، توپلىشىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپلا بولدى قىلىش»نىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، كادىرلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ـ غەمخورلۇق قىلىش مېخانىزمىنى سىجىل تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش سىياسەت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش غەيرىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇش كېرەك. ئىسلاھاتتا ھوقۇق بېرىپ قۇۋۋەت قوشۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۈكنى يېنىكلىتىش بىلەن قۇۋۋەت قوشۇشنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھوقۇق بېرىش تىزىملىكىنى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئۈستىگە ئالىدىغان ئىش تۈرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ، مەھەللىلەرنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى سىجىل كۈچەيتىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەننى تۇتاشتۇرۇپ، ئورتاق كۈچەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتمەسلىك، سالماقنى ئازايتماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، شەكىلۋازلىققا ياتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى سىجىل ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تاماملاش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ بو، ليۇ جيەنشىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن لىنىيە بويىچە يۇقىرى سىجىللىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇچۇش سىنىقى باسقۇچىغا كىرىپ، ئايروپىلاننىڭ تۈرلۈك ئىقتىدارلىرىنىڭ ئۇچۇشقا ماسلىشىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا سىناپ ئۇچۇش پۇقراۋى ئايروپىلان جەزمەن ئۆتىدىغان بىر تۈرلۈك ناچار كىلىمات سىنىقى.

بۇ قېتىمقى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا سىناپ ئۇچۇش سىنىقىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، تۇرپان ئايرودرومى C919 ئايروپىلانىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا سىناپ ئۇچۇش سىنىقىنى قانات يايدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لايىھەسىنى مەخسۇس تۈزۈپ، ئايروپىلاننىڭ تۈرلۈك سىناق ۋەزىپىلىرىنى تاماملىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئالدىنقى باسقۇچلۇق پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئايرودروملارنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ھاۋا رايى سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو سودا ئايروپىلانى C919 يولۇچىلار ئايروپىلانىنى سىناپ ئۇچۇش ئەترىتى تۇرپان ئايرودرومىنىڭ ياز پەسلىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا شارائىتىنىڭ سىناپ ئۇچۇش تەلپىنى قاندۇرالايدىغانلىقىنى باھالاپ چىقىپ، بۇ يەردە سىناپ ئۇچۇش تۈرىنى تەشكىللەپ، ئايروپىلان ئىقتىدارى سانلىق مەلۇماتىنى توپلاشنى قارار قىلغان.

تۇرپاننىڭ «ئوت يۇرتى» دېگەن نامى بار، تېمپېراتۇرا يۇقىرى، يامغۇر ئاز بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى داڭلىق يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق رايونلارنىڭ بىرى. ئالاھىدە كىلىمات شارائىتى سەۋەبىدىن، تۇرپان شەھىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۆلىتىمىزنىڭ قۇرغاق ئىسسىق تەبىئىي مۇھىتتا سىناق قىلىش ئۆلچەم نۇقتىسى ۋە مۇھىم ئىسسىق رايوندا ئاپتوموبىل سىناش بازىسى بولۇش تەستىقىغا ئېرىشكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېگرا بويى كەنتلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىغا تارقاق جايلاشقان، قاتنىشى قولايسىز، مۇھىتى ناچار، توك بىلەن تەمىنلەش رادىيوسى ئۇزۇن، توك ئىشلىتىشتىكى «بوغما ھالەت»، «تۆۋەن توك بېسىمى» قاتارلىق مەسىلىلەر شۇ جاينىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويغان. 2018 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز چېگرا بويى كەنتلىرىنىڭ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى باشلىدى، قۇرۇلۇش ئومۇمىي سېلىنمىسى 753 مىليون يۈەن بولۇپ، 27 ناھىيەدىكى 259 چېگرا بويى كەنتىنى قاپلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە، 2020 ـ يىلى 105 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، 17 ناھىيەدىكى 106 چېگرا بويى كەنتىگە چېتىلغان.

«ئېلېكتر تورىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىلى دەرياسى جەنۇبىي قىرغىقى يېڭى رايونىنى ئېچىش قۇرۇلۇشى ھەم سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، بۇ رايوننىڭ ساياھەت، ئادىمىيەت، تۇرالغۇ، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن مەھەللە قۇرۇلۇشىنىڭ توك ئىشلىتىش سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ» دېدى ئىلى دەرياسى جەنۇبىي قىرغىقى يېڭى رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇ يادۇڭ.

«بۇ قۇرۇلۇش چېگرادىكى چەت ـ ياقا رايونلاردا توك بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، چەت ـ ياقا رايونلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ‹توك ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش›تىن ‹ياخشى توك ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش›قا ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشىدۇ» دېدى دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلۇش باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جوۋ چېن.